# ساغلام يول بىلەن رىزىق تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

﴿ الرزق أسبابه ووسائله الشرعية ﴾

[ئۇيغۇرچە-الأويغورية-uyghur]

پەزىلەتلىك شەيخ دوكتۇر سەئۇد ئىبنى ئىبراھىم شۇرەيم

تەرجىمە قىلغۇچى:  سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ الرزق أسبابه ووسائله الشرعية ﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ سعود بن إبراهيم الشريم

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

# ساغلام يول بىلەن رىزىق تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

2009-يىلى03-ئاينىڭ 20- كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"مال دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە ھېرىسمەنلىك ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت سائادىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ " دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، مال- دۇنيا ھاياتنىڭ مۇھىم ئامىلى ۋە زىننىتىدۇر. ئىنسانلار ئەتىگەن -ئاخشام پۇل تېپىشنىڭ كويىدا تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ. پۇل نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ۋە دىللىرىنى مال-دۇنيانىڭ مۇھەببىتى قاپلاپ كەتكەن بۇ ھاياتتا، بەزىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قىيىنچىلىق ئىچىدە قامدىسا، بەزىلەر كۆپىنى تېخىمۇ كۆپەيتىمەن دەپ تىرىشىدۇ. بايلاردا تەمە، نائىنساپلىق ھۆكۈم سۈرسە، كەمبەغەللەردە غەم- قايغۇ ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئوتتۇراھال يول تۇتقانلار بەك ئاز بولۇپ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ رىزىق توپلاشتا ئوخشاش بولمىغان

يول ۋە كەسىپلەرنى قوللىنىدۇ. ھەر بىر ئىنسان قەلبىدىكى ئارزۇسى، پۇل- مالغا بولغان ئېتىقادىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەركەت قىلىدۇ. بۇ ئاساستا مال- دۇنياغا ئىگە بولۇش يولىدا ئوخشاش بولمىغان يوللارغا ماڭىدۇ. ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ.

بەزىلەر كىچە كۈندۈز كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەي داۋاملىق ھەركەت قىلىپ دۇنيانىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. ئولتۇرسا-تۇرسا دۇنيانىڭ ئەندىشىسى ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان، دۇنيادىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمايدۇ ۋە قولى باشقا ئىشقىمۇ بارمايدۇ. ئۇنداق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ رەززاق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ، ئۆزىنى ھايات- مامات ئارىلىقىدا قالغان كىشىگە ئوخشاش ھېسابلايدۇ. ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ دۇنيا توپلاش پرىنسىپىدا ھالال- ھارامنى پەرقىتىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار "غايىگە يېتىش ۋاستە تاللىمايدۇ" دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بۇنداق مال توپلىغان ئادەم پۇلنى كۆرگەندە ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ، پۇلنى كۆرگەندە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ مال دۇنياغا چەكسىز ئىشتىياق باغلايدۇ ۋە ھېچ تويمايدۇ. بۇنداقلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بەك ماس كېلىدۇ: "ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى تاغ ھەجمىدە ئالتۇنى بولسا ئۈنى ئۈچ قىلمەن دەپ يۈگۈرەيدۇ، قارنى ھېچ تويمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزىنى توپىدىن باشقا ھېچنەرسە تويغۇزالمايدۇ. ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر".

مال- دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ئىنساننىڭ نەپسى تويماس بالاغا قېلىپ، ئازغا قانائەت قىلمايدۇ، ئۆزىدە شۇنچە كۆپ بايلىق بولسىمۇ

كۆپايلەنمەيدۇ. باشقىلارنىڭ قولىدىكى بايلىققا كۆز تىكىپ ئارام تاپالمايدۇ.

پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزى كىشىلەر باركى، دۇنيا بىلەن خوشى يوق، داۋاملىق يېتىپ-ئۇخلاپ، ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، جېنىنى ئۇپرىتىشنى خالىمايدۇ. كەمبەغەللىك، قەرزدارلىقتىن قورقمايدۇ. ئۆيدە يېتىپ ئۇخلىسىمۇ بەلگىلەنگەن رىزىق قاچمايدۇ "ئۇجمە پىش ئاغزىمغا چۈش" دەپ ياشايدۇ ۋە دۇنيانىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغانلىق ئەخمەقلىق، ئۇنىڭدىن ئۆيدە يېتىپ ئارام ئالغان ياخشى دەپ قارايدۇ. ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش تەۋەككۈلچىلىك ئەمەس، هورۇنلۇق، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكتۇر. ئۇنداقلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالسىڭىز سىزگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: "سىلەر ئاللاهقا ئۆز لايىقىدا تەۋەككۈل قىلساڭلار، ئاللاه سىلەرگە خۇددى ئۇچار قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەكلا رىزىق بېرىدۇ. ئۇچار قۇشلار سەھەر ئۇۋىسىدىن ئاچ چىقىپ كېتىپ توق قايتىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟!" دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

بەزى كىشىلەر قانائەتچانلىق دېگەن ئۇقۇمغا زۇلۇم قىلىپ خارلىق، پەسكەشلىككە رازى بولۇشنى قانائەتچانلىق دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ھاياتتا ئىگىلىك تىكلەش، تىرىشچانلىق كۆرستىش، تىرىشىپ-تىرمىشىپ پۇل تېپىپ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن بىهاجەت قىلىپ، خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىلەرگە يېتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ.

ھەقىقىي بەختلىك مۇسۇلمان رىزىق تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىستىمال قىلىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ. داۋاملىق تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەيدۇ، پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزىدۇ. ھېچقاچان ھورۇنلۇق قىلمايدۇ. ھالال رىزىق تېپىش يولىدا نومۇس قىلمايدۇ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى تەركىدۇنيالىق، دەرۋىشلىقتىن چەكلەپ، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن شەرىئەت نۇرى ئاستىدا پايدىلىنىشقا چاقىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيتتى. ئىسلام دىنى داۋاملىق مۇسۇلمانلارنىڭ باي، كۈچلۈك، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى خالايدۇ.

ئىسلام ئىنسانلارنى كەمبەغەللىكتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئىقتىسادلىق بولۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. باشقىلارغا يۈك بولۇشتىن چەكلەيدۇ. ئەينى چاغدا ئىنساننى ھەددىدىن ئېشىپ زالىملىققا ئېلىپ بارىدىغان بايلىقتىنمۇ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ھەقىقى مۆمىن ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىنى بايلىققا ئەمەس يەككە-يىگانە ئاللاھقىلا باغلايدۇ.

پۇل-مال كېلىپ - كېتىدىغان نەرسە. بەزىلەر بايلىققا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر بولسا كەمبەغەللىك، يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ. ھەقىقىي مۆمىن بەندە قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ سەۋەپ قىلىدۇ، رىزىقنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ. نەتىجىدە رىزىقنى كىمگە بېرىش كىمدىن توسۇپ قويۇش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. رىزىقنىڭ دەرۋازىسى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئېچىلمايدۇ، ئاللاھ ھەممە ئىنسانغا ئۆزىگە لايىق رىزىقنىڭ يوللىرىنى ياراتقان. ھېچكىشى - ھېچكىمنىڭ رىزقىنى

بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ، رىزىقمۇ بېرەلمەيدۇ. ئىنسانلار بىر- بىرىگە رىزىق ھاسىل قىلىش يولىدا پەقەتلا ۋاستىلىك رولىنى ئېلىشتىن باشقىغا قادىر ئەمەس.

ئاخىرقى ھېساپتا رىزىق بەرگۈچى، رىزىقنى توسۇپ قويغۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، تىرىشقان تاپىدۇ، تېرىغان ئورايدۇ. سەۋەبىنى قىلماستىن رىزىققا ئىگە بولۇش بولمىغاندەك، تېرىماستىن مەھسۇلاتقا ئىگە بولۇشمۇ يوق.

رىزىق مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە مۇرەككەپتۇر. بۇ ھەقتە بەندىلەر ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلىپ، تېگى-تەكتىگە يېتىپ بولۇشتىن ئەقلى ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، رىزىق بەرگۈچى ئاللاھتۇر. بىزلەرنىڭ رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا سەۋەپ قىلىشتىن باشقا ئىشقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا بەزىلەرنىڭ رىزقى دېڭىز ئوكيانلارغا چېچىلغان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ رىزقى ئاسمانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ رىزقى يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن بولىدۇ، كانلاردا بولىدۇ. ھەقىقىي مۆمىن ئاللاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن رىزقىغا رازى بولىدۇ.

رىزىق ئەقىلغا باغلىق ئەمەس. كۆپلىگەن ئاقىللارنىڭ ئاچ قالغىنى، كۆپلىگەن ئەقىلسىزلارنىڭ بايلىقنى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ھال، مۆتىدىل دىن بولۇپ، ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. رىزىق يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىلارغا يۈك بولۇپ ياشاشنى خالىمايدۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: "بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر دېگەن". ئىش قانچە ئاددى، تۆۋەن بولسىمۇ بىكار يېتىپ باشقىلارغا يۈك بولغاندىن ياخشىدۇر.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قولى بىلەن ئىشلەپ يېگەن تائامدىن لەززەتلىك تائام يوق. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئىشلەپ يەيتتى دېگەن".

ئاللاھ بارچىمىزنى ھالال رىزىقتىن رىزىقلىنىشقا نېسىپ قىلسۇن، بىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى ھارامدىن ساقلىسۇن. ئامىن!.